(بېشى 16 ـ بەتتە)

### 2 ـ پاراگراف جۇڭگوچە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەرنى راۋاجلاندۇرۇش

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش، تەشۋىق قىلىش ۋە شەرھلەشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش، دەۋرلەشتۈرۈش، ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ماركسىزملىق نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى تەتقىقاتى مەركىزى (يۇرتى)، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى سىستېمىسى تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلەتنى» قاتارلىق ئۆگىنىش سۇپىلىرىنى ياخشى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. جۇڭگوچە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر پەن سىستېمىسى، ئىلىم سىستېمىسى ۋە سۆز سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەردە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىچە ئاقىللار ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

### 3 ـ پاراگراف جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇش

جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، مۇھىم مەدەنىي ۋە تەبىئىي مىراسلار، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق قوغداشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىجادىي ئايلاندۇرۇش ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيەلىك جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمىي ئەسەرلەرنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قىزىل خارابىلەرنى قوغداشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يىتتۈپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ـ قايتۇرۇپ كېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. سەددىچىن، بۈيۈك قانال، ئۇزۇن سەپەر، خۇاڭخې دەرياسى قاتارلىق دۆلەت مەدەنىيەت باغچىلىرىنى قۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى، قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى، ئارخېئولوگىيەلىك خارابە باغچىسى، تارىخىي مەدەنىيەتلىك داڭلىق شەھەر، داڭلىق بازار، داڭلىق كەنتلەرنى قوغداشنى كۈچەيتىش كېرەك. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم.

### 4 ـ پاراگراف پۇقرالارنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىنى سىجىل ئۆستۈرۈش

پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى، شەخسىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش كېرەك. دۆلەت ئۇردېنى، دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋە دەۋر ئۈلگىسى، ئەخلاق نەمۇنىچىسى، ئەڭ گۈزەل شەخس ۋە ئەتراپىمىزدىكى ياخشى ئادەملەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش لازىم. مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت، مەدەنىي ئورۇن، مەدەنىي مەكتەپ، مەدەنىي ئائىلىلەرنى باھالاش ـ تەقدىرلەشنى ئىلمىي، قېلىپلىق ياخشى ئىشلەپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. شەھەر ئاھالىسى ئەھدىنامىسى، يېزا ئاھالىسى قائىدىسى، ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى، كوللېكتىپ نىزامنامىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي قائىدىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى جازالاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم. سەممىيەت مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سەممىي جەمئىيەت قۇرۇش كېرەك. پىدائىيلار مۇلازىمىتى بويىچە غەمخورلۇق قىلىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش لازىم. جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان ـ ئىقتىسادچىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەمگەك ئارقىلىق بەخت يارىتىش تېمىسىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيەنى قانات يايدۇرۇش لازىم. تور مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىجابىي، ساغلام تور مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

## 35 ـ باب ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تارقىتىش، كېڭەيتىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف ئېسىل مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىشنى كۈچەيتىش

سۈپەت ئۆستۈرۈشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ جان تومۇرى قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، مۇھىم رېئاللىق، مۇھىم ئىنقىلاب، مۇھىم تارىخىي تېمىلاردىكى ئىجادىيەت يىرىك پىلانىنى تەشكىللەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزىلار، باللار تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى كۈچەيتىپ، دەۋرنىڭ يېڭى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ يېڭى ئىجادىيىتىنى كۈيلەيدىغان نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش لازىم. مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىجاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىش، يېتەكلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىش مېخانىزمى ۋە باھالاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساغلام، ئوچۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېكولوگىيەسى يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىجادىيەت ئىختىساسلىقلىرى، ئەخلاق ۋە سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر ئۇستازلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

### 2 ـ پاراگراف ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

شەھەر ـ يېزا مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ تەقسىملىنىشىنى ياخشىلاپ، شەھەر ـ يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەدەنىيەتتە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئىجادىي يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلام ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت سارىيى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، مۇزېي قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى ھەقسىز ئېچىۋېتىش ۋە رەقەملەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. تاراتقۇلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىچە ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنى كۈچەيتىش لازىم. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش رادىيو سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاقىل رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئارقىلىق چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لازىم. ئارخىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، «كىتابخۇمار جۇڭگو» قۇرۇپ، يېزىلاردا كىنو قويۇشنى سەرخىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تىجارىتىگە قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

### 3 ـ پاراگراف جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش

تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيلىك سۆھبەتلىرىنى كۈچەيتىپ، خەلقئاراغا تارقىتىشنى ئىجادىي ئىلگىرى سۈرۈپ، تور ئىچى ـ سىرتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، جۇڭگو ئاۋازىنى ياخشى تارقىتىپ، خەلقلەرنىڭ قەلب رىشتىسىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. «جۇڭگونى ھېس قىلىش»، «جۇڭگونى ئوقۇش»، «جۇڭگونى كۆرۈش ـ ئاڭلاش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو مەدەنىيەت يىلى (بايرىمى)، ساياھەت يىلى (بايرىمى)نى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك. خەنزۇچە تارقىتىش سۇپىسى قۇرۇپ، جۇڭگو تىل ـ مەدەنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش سىستېمىسى ۋە خەلقئارا خەنزۇچە ئوقۇتۇش ئۆلچەم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

## 36 ـ باب زامانىۋى مەدەنىيەت كەسپلىرى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش

ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەت كەسپلىرى سىستېمىسى ۋە بازار سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف سۈپەتلىك مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىنى كېڭەيتىش

مەدەنىيەت كەسپىنى رەقەملەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېڭىچە مەدەنىيەت كارخانىسى، مەدەنىيەت كەسپ ھالىتى، مەدەنىيەت ئىستېمالى ئەندىزىسىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، رەقەملىك ئىجادىيەت، توردا ئاڭلاش ـ كۆرۈش، رەقەملىك نەشر، رەقەملىك تاماشا، توردا كۆرسىتىش قاتارلىق كەسپلەرنى زورايتىش كېرەك. سۈزۈك تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى ئىشلەش ـ تارقىتىش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈپ، تېلېۋىزىيە قانالىلىرىنى سۈزۈكلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىگنە سىن، بۇلۇتلۇق ئۇلاپ ئاڭلىتىش قاتارلىقلارنى قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەدەنىيەت ماركىسى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم تەسىر كۈچىگە ئىگە ۋەكىللىك مەدەنىيەت ماركىسى يارىتىش كېرەك. تايانچ مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، مەدەنىيەت كەسپى باغچە رايونلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، رايون مەدەنىيەت كەسپلىرى بەلبېغى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. تاشقى مەدەنىيەت سودىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، چەت ئەل مەدەنىيەت بازىرىنى ئېچىپ، ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ۋە كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ئېلېكترونلۇق ئويۇن قاتارلىق رەقەملىك مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىشقا ئىلھام بېرىپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكسپورت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

### 2 ـ پاراگراف مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

مەدەنىيەت ئارقىلىق ساياھەت بەرپا قىلىش، ساياھەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى نامايان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ساياھەتچىلىكى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاممىۋى ساياھەت، ئاقىل ساياھەتنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى سىستېمىسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ساياھەت ئىستېمالىنىڭ ھوزۇرىنى ياخشىلاش كېرەك. رايون ساياھەت ماركىلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت مەزمۇنى مول دۇنياۋى ساياھەت مەنزىرە رايونى ۋە ئىستىراھەت رايونى قۇرۇپ، روشەن مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە بىر تۈركۈم دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت ـ ئىستىراھەت شەھىرى ۋە كوچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. قىزىل ساياھەت، مەدەنىيەت مىراسلىرى ساياھىتى، ساياھەت ئويۇنى قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئارام ـ ئىستىراھەت، يېزا ـ كەنت ساياھىتى قاتارلىقلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەت پاراخوتى، سەيلە كېمىسى، تۆۋەن بوشلۇق ساياھىتى قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ساياھەت ئۇل ئەسلىھەسى ۋە ئۆتەڭ سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلىك ھاجەتخانا ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاقىل مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپەت باھالاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تور ساياھەت باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم.

### 3 ـ پاراگراف مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

مەدەنىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلەت مەدەنىيەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنىڭ تۈزۈلمە ـ مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پاراۋانلىق مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. دۆلەت مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى تۈرگە ئايرىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىسلاھاتى ۋە كىنوچىلىق سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت بازىرى ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى توردا قوغداش، ئۈچۈر توردا ئۇن ـ سىن تارقىتىش قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر قانۇن ـ نىزام چىقىرىش كېرەك.

| 13 ـ جەدۋەل | سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى |
| --- | --- |
| 01 | **جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىنى نەشر قىلىپ تارقىتىش**<br>شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشكە دائىر سوئال ـ جاۋابلار، ساھەلەر بويىچە ئۆگىنىش پىروگراممىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيە ئوقۇشلۇقلىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى قاتارلىق كلاسسىك دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ نەشر قىلىش، چەت ئەلدە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش، تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. |
| 02 | **نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىش**<br>مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا «بەش بىر» قۇرۇلۇشى، سەھنە سەنئىتى، سەرخىل كىنو ـ تېلېۋىزىيە، مۇنەۋۋەر سىنارىيە، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يىغىپ ساقلاش، مۇھىم نەشر قىلىش قۇرۇلۇشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يېڭى تاراتقۇدا تارقىتىش، ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش ـ تارقىتىش، يەرلىك ئەلنەغمىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش، تور ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ تارقىتىش قاتارلىق مۇھىم تۈرلەرنى يولغا قويۇش كېرەك. |
| 03 | **پۈتۈن تاراتقۇدا تارقىتىش ۋە رەقەملىك مەدەنىيەت**<br>دۆلەت، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەدىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزى (سۇپىسى) قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت سىملىق تېلېۋىزىيە تورىنى بىرىكتۈرۈش ۋە 5G تورىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت مىراسلىرى سانلىق مەلۇماتلىرىنى تۈر بويىچە توپلاش ـ رەتلەش ئارقىلىق، دۆلەت مەدەنىيەت بۈيۈك سانلىق مەلۇمات سىستېمىسى بەرپا قىلىش لازىم. نەشرىياتچىلىقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك. |
| 04 | **مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش**<br>ئەنياڭ يىن سۇلالىسى خارابىسى، خەن سۇلالىسى چاڭئەن شەھرى خارابىسى، سۈي، تاڭ سۇلالىسى لوياڭ شەھرى خارابىسى ۋە مۇھىم تاش غار ئىبادەتخانىلىرى قاتارلىق خارابىلەرنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، جياڭشى ئۆلكىسىدىكى خەن سۇلالىسى خەيخۇنخوۋ بەگلىكى، خېنەن ئۆلكىسى ياڭشاۋ كەنتى، لياڭجۇ قەدىمكى شەھىرى، شىماۋ، تاۋسى ئىبادەتخانىسى، سەنشىڭدۈي، چۈفۇدىكى لۇ بەگلىكى قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق دۆلەت ئارخېئولوگىيەلىك خارابە باغچىسى قۇرۇلۇشلىرىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق رايون ئارخېئولوگىيەلىك ئەۋرىشكە ئامبىرىدىن 20نى، دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى قوغداش رايونىدىن 30نى ۋە دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سارىيىدىن 20نى قۇرۇش كېرەك. |
| 05 | **جۇڭخۇا كلاسسىك ئەسەرلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلىش**<br>300 جۇڭخۇا كلاسسىك ئەسىرىنى رەتلەپ نەشر قىلىپ، «يۇڭلې قامۇسى»، دۇنخۇاڭ يادىكارلىقلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق قەدىمىي ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق قوغداش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا تەشكىللەپ، دۆلەت قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك. «24 تارىخ»نى شەرھلەش ۋە چىڭ سۇلالىسى تارىخى ئارگىنالىنى تۈزىتىش قاتارلىق زور نەشر قۇرۇلۇشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت غەزىنىسىنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىنى يېڭىدىن تۈزۈش قۇرۇلۇشى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالاقە، ئالماشتۇرۇش ۋە يۇغۇرۇلۇش تارىخىنى تۈزۈش قۇرۇلۇشىنى باشلاش لازىم. |
| 06 | **مۇھىم مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى**<br>جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى كۆرگەزمىخانىسى، مەركىزىي كومىتېت ئارخىپخانىسىنىڭ يېڭى سارىيى، دۆلەت نەشر نۇسخىسى سارىيى، دۆلەت ھۆججەت ـ ماتېرىيال زاپاس ئامبىرى، گۇگۇڭ مۇزېيىنىڭ شىمالىي رايونى، دۆلەت گۈزەل سەنئەت سارىيى، دۆلەت مەدەنىيەت مىراسلىرى پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەت مەركىزى قۇرۇش لازىم. |
| 07 | **ساياھەت مەنزىلگاھلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش**<br>خەينەن خەلقئارا ساياھەت ئىستېمال مەركىزى، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى دۇنياۋى ساياھەت مەنزىلى، چاڭجياڭ خەلقئارا ئالتۇن ساياھەت بەلبېغى، خۇاڭخې مەدەنىيەت ساياھىتى بەلبېغى، خاڭجوۋ ـ خۇاڭشەن تەبىئىي ئېكولوگىيە ۋە مەدەنىيەت ساياھىتى كارىدورى، باشۇ مەدەنىيەت ساياھىتى كارىدورى، گۈيلىن خەلقئارا ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلەر مۇلازىمىتى، ئاپتوموبىل توختىتىش ۋە زەرەتلەش، قاتناش، ساياھەتچى ئېقىمىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. |

## 11 ـ قىسىم يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

سۇلار سۈزۈك، تاغلار يېشىل بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش، تەبىئەتكە ماسلىشىش، تەبىئەتنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئىيلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ساھەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئومۇميۈزلۈك يېشىل تەرەققىيات تىپىغا ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈزەل جۇڭگو بەرپا قىلىش كېرەك.

## 37 ـ باب ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ سۈپىتى ۋە مۇقىملىقىنى ئاشۇرۇش

تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە مۇقىملىقىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، تەبىئىي ئېكولوگىيەنىڭ بىخەتەرلىك پاسىلىنى چىڭ ساقلاپ، تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى سۈپىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

### 1 ـ پاراگراف ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى پىلانلاش ۋە ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقى، مەڭگۈلۈك ئاساسىي ئېتىز، شەھەر ـ بازارلارنى كېڭەيتىش چېكى شۇنىڭدەك دېڭىز تەۋەسىنى قوغداش سىزىقىنى بېكىتىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونى، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقى، دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇھىم ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى ئېكولوگىيە توسۇقى رايونى، خۇاڭخې دەرياسى نۇقتىلىق ئېكولوگىيە رايونى، چاڭجياڭ دەرياسى نۇقتىلىق ئېكولوگىيە رايونى ۋە شەرقىي شىمال ئورمان بەلبېغى، شىمالىي جۇڭگو قۇم تىزگىنلەش بەلبېغى، جەنۇبىي جۇڭگو ئېدىرلىق ـ تاغلىق رايونى، دېڭىز قىرغاق بەلبېغى قاتارلىق ئېكولوگىيە توسۇقى قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. چاڭجياڭ، خۇاڭخې قاتارلىق چوڭ دەريالار ۋە مۇھىم كۆل، سۇلۇق يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم ئېكولوگىيە كارىدورلىرىنى قۇرۇش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىش كېرەك. تەبىئىي ئورمان ۋە سۇلۇق يەرنى قوغداشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، سۇلۇق يەرنى قوغداش نىسبىتىنى %55كە يەتكۈزۈش لازىم. سۇ ـ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە چۆللىشىش، تاشلىششىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى ئىلمىي ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت زېمىنىنى كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئوتلاق، ئورمان، دەريا، كۆللەرنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ئىمكان بېرىپ، تېرىلغۇ يەرنى شۇدىگەرلەش ـ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېرىلغۇدىن ئورمان، ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئېتىزدىن كۆل، سۇلۇق يەرگە قايتۇرۇش، قۇرۇشاۋدىن ساھىل، دېڭىزغا قايتۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.




7 ـ رەسىم: مۇھىم ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش چوڭ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى

### 2 ـ پاراگراف تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى بەرپا قىلىش

تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرىنىڭ قوغداش دائىرىسى ۋە فۇنكسىيەلىك رايونىنى ئىلمىي بېكىتىپ، تۈرلۈك مۇھاپىزەت يەرلىرىنى بىرىكتۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى تېزلىتىپ، دۆلەت باغچىسى ئاساسىي گەۋدە، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى ئاساس، تۈرلۈك تەبىئىي باغچىلار تولۇقلىما قىلىنغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى دائىرىسىدىكى غەيرىي ئېكولوگىيە پائالىيىتىنى قاتتىق باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، يادرولۇق رايوندىكى ئاھالە، تېرىلغۇ يەر، كان ھوقۇقىنى تەرتىپلىك چېكىندۈرۈشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت باغچىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە تىجارەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم دۆلەت باغچىلىرىنى بىرىكتۈرۈپ قۇرۇش كېرەك. جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش تورى بەرپا قىلىپ، دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ۋە ئەتىۋارلىق، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ياۋايى ھايۋان، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ماكانىنى قوغداش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سىرتتىن كەلگەن تۈرلەرنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يەر ئىشلىتىش، دېڭىز ئىشلىتىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش ئۈنۈمىنى نازارەت قىلىش ـ باھالاشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

### 3 ـ پاراگراف ئېكولوگىيەنى قوغداش تولۇقلىمىسى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش

نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونى، مۇھىم سۇ سىستېمىسى مەنبە رايونى، تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرىنىڭ يۆتكىمە چىقىم سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەنپەئەتلەنگۈچى رايون ۋە قوغدىغۇچى رايون، ۋادىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنلىرىنىڭ مەبلەغ تولۇقلىمىسى بېرىش، كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق توغرا يۆنىلىشلىك ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى بېرىشنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. بازارلاشقان، كۆپ مەنبەلىك ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ ئېكولوگىيەنى قوغداش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئورمان، ئوتلاق ۋە سۇلۇق يەر ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى قاتارلىق مۇھىم ۋادىلاردا پۈتۈن ۋادى ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى مېخانىزمى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى رېئاللاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۈچ دەريا مەنبەسى دۆلەت باغچىسى قاتارلىقلارنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى قوغداش تولۇقلىمىسى نىزامىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش كېرەك.

(ئاخىرى 18 ـ بەتتە)